## 367615 ـ رامىزاندا روزىدارنىڭ چىشىنى ئاقارتىش ئۈچۈن چىش قېلىپى سېلىشىنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

### سۇئال

رامىزاندا روزىدارنىڭ چىشىنى ئاقارتىش ئۈچۈن چىش قېلىپى سېلىشى توغرا بولامدۇ؟ . بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

چىشنى ئاقارتىش قېلىپى دېگەن: ئېغىزدىكى چىشنىڭ شەكلىدە بولغان ئىچىگە چىش ئاقارتىش دورىسى قويۇلغان شەكىلدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ قېلىپنى چىشىغا كىيدۈرىدۇ، ھەر كۈندە مەلۇم ۋاقىتتا ئېغىزدا تۇرىدۇ . بۇ قېلىپنىڭ روزىدارنىڭ روزىسىنىڭ توغرا بولىشىغا تەسىر كۆرسىتىشىگە كەلسەك، مۇشۇ قېلىپتىكى ماددىلارنىڭ ئېغىزنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كىرىشىگە قارىلىدۇ:

بىرىنچى ھالەت: چىش ۋە تۆشۈكلەرگە چىڭ چاپلىشىدىغان بولىدۇ، ئۇنىڭدىن ئېغىزغا بىر نەرسە چىقمايدۇ، ياكى روزىدارنىڭ ئېغىزىدىن سىرتقا چىقىدۇ، بۇنداق ھالەتتە روزىنى بۇزىدىغان ھېچقانداق بىر سەۋەپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ قېلىپنىڭ روزىغا تەسىرى بولمايدۇ. بۇ ھەقتە تەپسىلى مەلۇمات ھاسىل قىلىش ئۈچۈن363474 ـ نومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

ئىككىنچى ھالەت: قېلىپ ئارىسىدىن بەزى نەرسىلەر سىزىپ بۇنى روزىدار يۇتۇپ سالىدىغان ھالەتتە روزىدارنىڭ رامىزاننىڭ كۈندۈزدە ئېغىزىغا چىش قېلىپى سېلىشى توغرا بولمايدۇ.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ" :روزىدارنىڭ چىش پاستىسى بىلەن چىش چوتكىسى ئىشلىتىش ئەھۋالى بۇ ئىككى ھالەتتىن خالى بولمايدۇ: ئىككىسىنىڭ بىرىنچىسى: كۈچلۈك بولۇپ ئاشقازانغا ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئىنساننىڭ بۇنى بېكىتىشى مۇمكىن بولمايدۇ، بۇ چەكلىنىدۇ، يەنى بۇنى ئىشلىتىش توغرا بولمايدۇ. چۈنكى بۇ روزىنى بۇزۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. ھارامغا ئېلىپ بارىدىغان ھەرقانداق نەرسە ھارام بولىدۇ. لەقىيتە بىن سەبرەدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە مۇنداق دېگەن: «روزا تۇتمىغاندا بۇرنۇڭغا دىماغقا يەتكۈدەك سۇ ئالغىن». پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام روزىدار ھالەتتە بۇرنىغا سۇ ئالغاندا دىماغقا يەتكۈزمەسلىكنى ئايرىۋەتكەن، چۈنكى روزىدار ھالەتتە دىماغقا يەتكۈدەك سۇ ئالسا، سۇ كانىيىغا سىڭىپ كىرىپ شۇنىڭ بىلەن روزىسى بۇزۇلىدۇ. بىز دەيمىزكى: ئەگەر چىش

پاستىسى كۆچلۈك بولۇپ ئاشقازانغا ئۆتۈپ كېتىدىغان بولسا، بۇنداق ھالەتتە ئۇنى ئىشلىتىش توغرا بولمايدۇ، ياكى ئۇنى ئىشلىتىشنى مەكروھ بولىدۇ دەيمىز.

ئىككىنچى ھالەت:  چىش پاستىسى كۆچلۈك بولمىسا، ئۇنىڭدىن ساقلىنىش مۇمكىن بولىدۇ، ئۇنى ئىشلەتسە بولىدۇ، چۈنكى ئېغىزنىڭ ئېچى دېگەن ئېغىزنىڭ سىرتىنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن سۇ بىلەن ئېغىزنى چايقايدۇ، بۇنىڭ زىيىنى بولمايدۇ، ئەگەر ئېغىزنىڭ ئېچى ئىچكى ئەزانىڭ ھۆكمىدە بولغان بولسا ئىدى، ئۇ ۋاقىتتا روزا تۇتقۇچى ئېغىزىغا سۇ ئېلىشتىن چەكلەنگەن بولاتتى. ["ئىبنى ئۇسەيمىن پەتىۋالار مەجمۇئەسى- 16 "توم- 351 بەت] .

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.